شىنجاڭ گېزىتى
مۇھىم خەۋەرلەر 2
2020 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى يەكشەنبە

3 ـ قېتىملىق مەركىزىي شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنەيلى، ئىزچىللاشتۇرايلى
تىرىشىپ يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقايلى

# شىنجاڭنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش، شىنجاڭنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ مۇقىم قىلىش، شىنجاڭنى مەدەنىيەت ئارقىلىق ئوزۇقلاندۇرۇش، خەلقنى بېيىتىپ شىنجاڭنى روناق تاپقۇزۇش، شىنجاڭنى ئۇزاققىچە گۈللەندۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، تىرىشىپ يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىش كېرەك

(بېشى 1 ـ بەتتە)

جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى پۇختا تۇرغۇزۇشتا چىڭ تۇردى، دۆلىتىمىزنىڭ دىنىنى جۇڭگوچىلاشتۇرۇش يۆنىلىشىدە چىڭ تۇردى، سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت قارىشىنى ئەۋج ئالدۇرۇش ۋە يېتىلدۈرۈشتە چىڭ تۇردى، خەلق تۇرمۇشىغا زىچ يېقىنلىشىپ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشتا چىڭ تۇردى، پارتىيەنىڭ شىنجاڭ خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىشتە چىڭ تۇردى. ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى تامامەن توغرا، جەزمەن ئۇزاققىچە چىڭ تۇرۇش كېرەك. پۈتۈن پارتىيە يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇشنى بىر تۈرلۈك سىياسىي ۋەزىپە قىلىپ، تولۇق، دەل جايىدا ئىزچىللاشتۇرۇشقا كۈچ سەرپ قىلىپ، شىنجاڭ خىزمىتىنىڭ باشتىن ـ ئاخىر توغرا سىياسىي يۆنىلىشنى ساقلىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ سىجىل مۇقىم، ئۇزاققىچە مۇقىم بولۇشىنى ساقلاشتا سوتسىيالىستىك قانۇنچىللىق بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، قانۇنچىللىق روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، دۆلەتنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش تەلىپىنى شىنجاڭ خىزمىتىنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدە ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. پارتىيە كومىتېتى رەھبەرلىك قىلىدىغان، ھۆكۈمەت مەسئۇل بولىدىغان، جەمئىيەت ماسلىشىدىغان، ئامما قاتنىشىدىغان، قانۇنچىللىق كاپالەتلىك قىلىدىغان جەمئىيەت ئىدارە قىلىش تۈزۈلمىسىنى ئومۇميۈزلۈك شەكىللەندۈرۈپ، ئورتاق قۇرىدىغان، ئورتاق ئىدارە قىلىدىغان، ئورتاق بەھرىلىنىدىغان جەمئىيەت ئىدارە قىلىش ئەندىزىسىنى بەرپا قىلىش كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى پۇختا تۇرغۇزۇشنى ئاساسىي لىنىيە قىلىپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەش كېرەك. شىنجاڭ ئەزەلدىن كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايون، شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەر جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ قان قېرىنداش ئائىلە ئەزاسى. جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى تارىخى، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ كۆپ مەنبە بىر گەۋدىلەشكەن ئەندىزىسىنى تەتقىق قىلىشنى كۈچەيتىپ، جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭى تەربىيەسىنى شىنجاڭنىڭ كادىرلار تەربىيەسى، ياش ـ ئۆسمۈرلەر تەربىيەسى، جەمئىيەت تەربىيەسىگە كىرگۈزۈپ، ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنى توغرا بولغان دۆلەت قارىشى، تارىخ قارىشى، مىللەت قارىشى، مەدەنىيەت قارىشى، دىن قارىشى تۇرغۇزۇشقا تەربىيەلەپ، يېتەكلەپ، جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا يىلتىز تارتقۇزۇش كېرەك. ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ كەڭ ئالاقىلىشىشى، ئومۇميۈزلۈك ئالماشتۇرۇشى، چوڭقۇر يۇغۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. شىنجاڭدا ئىسلام دىنىنى جۇڭگوچىلاشتۇرۇش يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، دىنىنىڭ ساغلام تەرەققىياتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى خىزمەتلەرنى چوڭقۇر ياخشى ئىشلەپ، شىنجاڭنى مەدەنىيەت ئارقىلىق ئوزۇقلاندۇرۇش قۇرۇلۇشىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇش كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: تەرەققىيات شىنجاڭنىڭ ئەبەدىي ئەمىنلىكىنىڭ مۇھىم ئاساسى. شىنجاڭنىڭ رايون ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايون قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىشنى تۈرتكە قىلىپ، شىنجاڭنىڭ ئۆزىنىڭ رايون خاراكتېرلىك ئېچىۋېتىش ئىستراتېگىيەسىنى دۆلەتنىڭ غەربكە ئېچىۋېتىش ئومۇمىي ئورۇنلاشتۇرۇشىغا كىرگۈزۈپ، سىرتقا ئېچىۋېتىش ۋاستىسىنى بېيىتىپ، سىرتقا ئېچىۋېتىش قاتلىمىنى ئۆستۈرۈپ، ئوچۇق ئىقتىساد تۈزۈلمىسىدە يېڭىلىق يارىتىپ، ئىچكى قۇرۇقلۇقنى ئېچىۋېتىش ۋە چېگرا بويىنى ئېچىۋېتىش ئېگىزلىكىنى بەرپا قىلىش كېرەك. سانائەت ئاساسىنى كۈچەيتىپ ئۈنۈمنى ئاشۇرۇش ۋە تېپىنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشكە تۈرتكە بولۇپ، شىنجاڭنىڭ خاس، ئەۋزەل كەسىپلىرىنى يېتىلدۈرۈپ، زورايتىپ، شۇ جايدىكى ئاممىنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇپ بېيىشىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك. ئىلمىي پىلانلاپ قۇرۇلۇش قىلىپ، شەھەر ـ بازارلاشتۇرۇش سۈپىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈش كېرەك. سۈزۈك سۇ، يېشىل تاغنىڭ ئۆزى بىر بايلىق ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، ئېكولوگىيەنى قوغداش قىزىل سىزىقىنى قەتئىي ساقلاپ، قۇمنى تىزگىنلەش، سۇنى تىزگىنلەش ۋە ئورمان، ئوتلاقنى قوغداش خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ قانات يايدۇرۇپ، گۈزەل شىنجاڭنىڭ ئاسمىنىنى تېخىمۇ كۆك، تاغلىرىنى تېخىمۇ يېشىل، سۈيىنى تېخىمۇ سۈزۈك قىلىش كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش» ۋەزىپىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ۋە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىبارەت ئىككى زور ئىشنى ئۇزاققىچە ياخشى تۇتۇش كېرەك. قايتا نامراتلىشىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى تەكشۈرۈش ـ ئۆلچەش ۋە ياردەم بېرىش ـ يۆلەش تۈزۈم ـ مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئومۇميۈزلۈك نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش بىلەن يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشنى ئورگانىك جىپسىلاشتۇرۇشنى داۋاملاشتۇرۇپ ئالغا سىلجىتىپ، ئىچكى تەرەققىيات ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى ۋە تەرەققىيات ھاياتىي كۈچىنى ئۈنۈملۈك كۈچەيتىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلغاندىن كېيىن تەرەققىي قىلالايدىغان بولۇشقا، ئىمكانىيەتلىك سىجىل بولۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. سىياسەت جەھەتتىن قوللاش سالمىقىنى زورايتىپ، تۈزۈلمە ـ مېخانىزمدا يېڭىلىق يارىتىپ، يېقىن ئەتراپتا، ئۆز جايىدا ئىشقا ئورۇنلىشىش بىلەن تەرتىپلىك يۆتكىلىپ، سىرتقا چىقىرىپ ئىشقا ئورۇنلىشىشنى ئورگانىك بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇش كېرەك. جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى ۋە خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاشقا زور كۈچ بىلەن تۈرتكە بولۇش كېرەك. شىنجاڭ ھېكايىسىنى كۆپ قاتلاملىق، ھەر تەرەپلىمە، ئىستېرېئولۇق ياخشى سۆزلەپ، شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت مۇقىم بولغان چوڭ ياخشى ۋەزىيىتىنى، خەلق خاتىرجەم ياشاۋاتقان، خۇشال ـ خۇرام ئىشلەۋاتقان بەختلىك تۇرمۇشىنى مەردانىلىك بىلەن تەشۋىق قىلىش كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: پارتىيەمىزنىڭ ئەسلىي مەقسىتى، بۇرچى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان جۇڭگو خەلقىنى بەختكە ئېرىشتۈرۈش، شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان جۇڭخۇا مىللىتىنى گۈللەندۈرۈش. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىگە توغرىلىنىپ، ئاڭلىق ھالدا ئىدىيەدە، سىياسىيدا، ھەرىكەتتە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن يۈكسەك بىردەكلىكنى ساقلىشى كېرەك. قەتئىي بوشاشماي غايە ـ ئېتىقاد تەربىيەسىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، سىياسىي جەھەتتىكى چېنىقىشنى گەۋدىلەندۈرۈپ، كادىرلارنىڭ سىياسىي ساپاسىنى پەرقلەندۈرۈشنى دائىملاشتۇرۇپ، ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك ھوقۇقىنى باشتىن ـ ئاخىر سادىق، پاك، مەسئۇلىيەتچان كادىرلارنىڭ قولىدا مەھكەم تۇتۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. يېتىشتۈرۈش، تەربىيەلەش سالمىقىنى زورايتىپ، شىنجاڭدىكى كادىرلار قوشۇنىنى يېتىشتۈرۈش، تەربىيەلەش يىرىك پىلانىنى تەتقىق قىلىپ تۈزۈپ، نەزەرىيە ئاساسى پۇختا، سىياسەتنى جايىدا ئىگىلىگەن، ئەمەلىيەت ئىقتىدارى كۈچلۈك كادىرلار قوشۇنىنى كۈچەپ يېتىشتۈرۈش كېرەك. پارتىيەگە سادىق، ئەخلاقلىق ھەم قابىلىيەتلىك يۇقىرى ساپالىق ئاز سانلىق مىللەت كادىرلار قوشۇنى قۇرۇشنى مۇھىم ۋەزىپە سۈپىتىدە بوشاشماي دائىم تۇتۇش كېرەك. روشەن ئادەم ئىشلىتىش يۆنىلىشى تۇرغۇزۇپ، سىياسىي جەھەتتە قاتتىق سىناقلاردىن ئۆتەلەيدىغان، مەسئۇلىيەتنى دادىل زىممىسىگە ئالالايدىغان مۇنەۋۋەر ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىغا قارىتا تولۇق ئىشىنىش، ئۇلار بىلەن قەتئىي ئىتتىپاقلىشىش، ئۇلارنى يۈرەكلىك تاللاپ ئۆستۈرۈش، دادىل ئىشلىتىش كېرەك، ئۇلارنىڭ ئىپادىسى گەۋدىلىك بولغانلىرىنى بىۋاستە دەرىجە ئاتلىتىپ ئۆستۈرۈپ ئىشلىتىشكە بولىدۇ.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت كادىرلار ئىشىنىشكە ئەرزىيدۇ، جەڭگىۋارلىققا ئىگە. ئۇلارنى سىياسىي جەھەتتە رىغبەتلەندۈرۈپ، خىزمەت جەھەتتە قوللاپ، تەمىنات جەھەتتە كاپالەتلەندۈرۈپ، تۇرمۇش جەھەتتە كۆڭۈل بۆلۈپ، پىسخىك جەھەتتە غەمخورلۇق قىلىپ، ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى تەتقىق قىلىپ قوللىنىپ، شىنجاڭنىڭ كادىرلار، ئىختىساسلىقلار قوشۇنىنى مۇقىملاشتۇرۇش كېرەك. مىللەت روھى ۋە دەۋر روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، توغراق روھى ۋە بىڭتۈەن روھىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، ھەر دەرىجىلىك كادىرلارنى يېڭى دەۋردە چېگرا رايوندا يىلتىز تارتىشقا، چېگرا رايونغا ئۆزىنى بېغىشلاشقا رىغبەتلەندۈرۈش كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: شىنجاڭ خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ زور ئىشى، جەزمەن پۈتۈن مەملىكەت بىر تاختا شاھمات ئىدىيەسىنى پۇختا تۇرغۇزۇپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىرتۇتاش رەھبەرلىك قىلىدىغان، مەركەز تارماقلىرى قوللايدىغان، يېتەكچىلىك قىلىدىغان، ھەرقايسى ئۆلكە، شەھەرلەر ياردەم بېرىدىغان، ماسلىشىدىغان، شىنجاڭ سۇبيېكتلىق رولىنى جارى قىلدۇرىدىغان خىزمەت مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. مەركەز شىنجاڭ خىزمىتىنى ماسلاشتۇرۇش گۇرۇپپىسى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، شىنجاڭ خىزمىتىگە قارىتا ۋەزىيەتنى تەتقىق قىلىپ ھۆكۈم قىلىش، سىياسەت تەتقىق قىلىش، ماسلاشتۇرۇش ـ يېتەكچىلىك قىلىش، ھەيدەكچىلىك قىلىش ـ تەكشۈرۈشنى كۈچەيتىپ، مۇھىم، زور مەسىلىلەرگە قارىتا خىزمەت پىكرىنى ۋاقتىدا ئوتتۇرىغا قويۇشى كېرەك. مەركەزدىكى ئالاقىدار تارماقلار ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىپ، زىچ ھەمكارلىشىپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، نازارەتچىلىك قىلىش ـ يېتەكچىلىك قىلىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا بايقاپ، قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىشقا ياردەم بېرىشى كېرەك. شىنجاڭ ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى بىرىنچى سەپتە تۇرۇپ، سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيىتىنى ياخشى ئادا قىلىپ، خىزمەتلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ياخشى تۇتۇشى كېرەك. ئىچكىرى رايونلاردىكى ھەرقايسى ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، شەھەرلەر شىنجاڭغا ئالاقىدار خىزمەتلەرنى ھەقىقىي ياخشى ئىشلەپ، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى ۋە تەرەققىياتىنى قوللىشى كېرەك. شىنجاڭغا ياردەم بېرىۋاتقان ھەرقايسى ئۆلكە، شەھەرلەر شىنجاڭ بىلەن ماسلىشىش، ھەمكارلىشىشنى كۈچەيتىپ، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىشتە ئۇزاققىچە چىڭ تۇرۇپ، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىشنىڭ ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشى كېرەك. ئىسلاھاتنى سىجىل چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، مۇقىملىقنى قوغداش ئىقتىدارى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، بىڭتۈەننىڭ تەشكىلىي ئەۋزەللىكى ۋە سەپەرۋەرلىك ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، ئالاھىدە رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇش كېرەك.

لى كېچياڭ يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلغاندا مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىدە 2 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىدىن بۇيانقى شىنجاڭ خىزمىتىدە قولغا كەلتۈرۈلگەن مۇھىم، زور نەتىجە ـ ئۈنۈم ئومۇميۈزلۈك خۇلاسىلىنىپ، ھازىر شىنجاڭ خىزمىتى دۇچ كەلگەن ۋەزىيەت چوڭقۇر تەھلىل قىلىندى، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى شەرھلىنىپ، ھازىر ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدىكى شىنجاڭ خىزمىتىنىڭ يېتەكچى ئىدىيەسى، نىشان ـ ۋەزىپىلىرى، فاڭجېن ـ سىياسەتلىرى، ئىستراتېگىيەلىك تەدبىرلىرى ئايدىڭلاشتۇرۇلدى، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىگە تۈرتكە بولىدىغان نۇقتىلىق خىزمەتلەر ئومۇميۈزلۈك ئورۇنلاشتۇرۇلما قىلىندى، بۇ، كۈچلۈك سىياسىيلىككە، ئىدىيەۋىلىككە، نەزەرىيەۋىلىككە ئىگە بولۇپ، يېڭى دەۋردىكى شىنجاڭ خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىدىغان پىروگراممىلىق خاراكتېرلىك ھۆججەت. ئەستايىدىل ئۆگىنىپ ئۆزلەشتۈرۈپ، خىزمەت ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ چوڭقۇر پىكىر يۈرگۈزۈپ، ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش تەدبىرلىرىنى تەتقىق قىلىش كېرەك. ھەقىقىي تۈردە ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭ خىزمىتى توغرىسىدىكى تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭ تىكلەپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، قەتئىي تەۋرەنمەي تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنىڭ ئەمەلىيلىشىشىنى ياخشى تۇتۇپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىگە تۈرتكە بولۇش كېرەك.

ۋاڭ ياڭ خۇلاسە سۆزىدە مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ مەزمۇنى يۈكسەك، ئىدىيەسى چوڭقۇر، ماھىيەتلىك مەزمۇنى مول بولۇپ، يېڭى دەۋردىكى شىنجاڭ خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىدىغان پىروگراممىلىق خاراكتېرلىك ھۆججەت، شىنجاڭ خىزمىتىدە توغرا يولدا چىڭ تۇرۇپ يېڭىلىق يارىتىش، غەلىبىسىرى ئالغا ئىلگىرىلەشكە يېتەكچىلىك قىلىدىغان قۇدرەتلىك ئىدىيەۋى قورال. باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىش، تولۇق ئۆزلەشتۈرۈشنى مۇھىم سىياسىي ۋەزىپە قىلىپ، يادرولۇق مۇھىم مەزمۇنى ۋە روھىي ماھىيىتىنى ھەقىقىي ئىگىلەپ، ئۆگىنىش جەريانىنى تونۇشنى ئۆستۈرۈش، خىزمەتنى ياخشىلاش جەريانىغا ئايلاندۇرۇش كېرەك. يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى تولۇق، توغرا چۈشىنىپ ۋە ئۇنىڭدا ئۇزاققىچە چىڭ تۇرۇپ، ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ ياخشى تۇتۇپ، شىنجاڭ خىزمىتىنىڭ باشتىن ـ ئاخىر توغرا يۆنىلىشنى بويلاپ ئالغا ئىلگىرىلىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. شىنجاڭ خىزمىتىنىڭ باش نىشانىنى پۇختا ئىگىلەپ، ئۇزاق كەلگۈسى پىلان ئۈستىدە ئىزدىنىپ، ئاساسنى پۇختىلاش تەدبىرلىرىنى قوللىنىپ، ئەبەدىي ئەمىنلىككە مۇناسىۋەتلىك چوڭقۇر قاتلاملىق مەسىلىلەرگە دىققەتنى مەركەزلەشتۈرۈپ كۈچەش كېرەك. شىنجاڭ ۋە مەركەزدىكى ھەرقايسى تارماقلار يىغىن روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش توغرىسىدىكى يولغا قويۇش پىكرىنى تۈزۈپ، نۇقتىلىق ۋەزىپىلەرنى بىرمۇبىر، تۈرمۇتۈر ئىنچىكىلەشتۈرۈپ تەقسىملەپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئەمەلىي خىزمەت نەتىجە ـ ئۈنۈمىگە ئايلاندۇرۇشى كېرەك. تەشكىلىي رەھبەرلىك ۋە ماسلىشىش، ھەمكارلىشىشنى كۈچەيتىپ، خىزمەت مەسئۇلىيىتىنى چىڭىتىپ، ھەيدەكچىلىك قىلىش ـ تەكشۈرۈشنى يەنىمۇ كۈچەيتىش كېرەك. مول، رەڭدار تەشۋىقات، لېكسىيە پائالىيەتلىرىنى تەشكىللەپ قانات يايدۇرۇپ، يىغىن روھىنى ئاساسىي قاتلامغا چوڭقۇر سىڭدۈرۈشكە، كىشىلەر قەلبىگە چوڭقۇر سىڭدۈرۈشكە تۈرتكە بولۇش كېرەك.

بېيجىڭدىكى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزالىرى، مەركىزىي كومىتېت شۇجىچۇسىنىڭ شۇجىلىرى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىدىكى ئالاقىدار رەھبىرىي يولداشلار، دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارلىرى، ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ مەھكىمە باشلىقى، ئالىي خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشتىكى ئالاقىدار رەھبىرىي يولداشلار قاتارلىقلار يىغىنغا قاتناشتى.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەتتىكى مەسئۇل يولداشلار ۋە ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەتتىكى ئاساسلىق مەسئۇل يولداشلار، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۈەننىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەتتىكى مەسئۇل يولداشلار ۋە ھەرقايسى شىلارنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەتتىكى ئاساسلىق مەسئۇل يولداشلار، باشقا ھەرقايسى ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، شەھەرلەردىكى مەسئۇل يولداشلار، مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرىدىكى مەسئۇل يولداشلار، ئالاقىدار خەلق تەشكىلاتلىرى، پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرى، مەركەز كارخانىلىرىدىكى مەسئۇل يولداشلار، ئارمىيەنىڭ ئالاقىدار ئورۇنلىرىدىكى مەسئۇل يولداشلار قاتارلىقلار يىغىنغا قاتناشتى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

توغرا يۆنىلىشتە چىڭ تۇرۇپ، بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ تەرەققىي قىلدۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، كۆچمە ۋاستىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ئىلمىي ئورۇنلاشتۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ئىسلاھ قىلىش، يېڭىلىق يارىتىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئەنئەنىۋى تاراتقۇلار بىلەن يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان تاراتقۇلارنىڭ تۈزۈلمە ـ مېخانىزم، سىياسەت ـ تەدبىر، تەرتىپ ـ باشقۇرۇش، ئىختىساسلىقلار ـ تېخنىكا قاتارلىق جەھەتلەردە يۇغۇرۇلۇش قەدىمىنى تېزلىتىشكە تۈرتكە بولۇپ، كۈچلۈك تەسىر كۈچى ۋە رىقابەت كۈچىگە ئىگە بىر تۈركۈم يېڭى تىپتىكى ئاساسىي ئېقىم تاراتقۇلىرىنى تېزدىن قۇرۇپ چىقىپ، تور ۋە تور سىرتىدىكىنى بىر گەۋدىلەشتۈرگەن، ئىچكى ـ تاشقى تەشۋىقات بىرلىشىپ ھەرىكەتلىنىدىغان ئاساسىي ئېقىم ئاممىۋى پىكىر ئەندىزىسىنى تەدرىجىي بەرپا قىلىپ، مەزمۇن قۇرۇلۇشىنى ئاساس، ئىلغار تېخنىكىنى تىرەك، باشقۇرۇشتا يېڭىلىق يارىتىشنى كاپالەت قىلغان پۈتۈن تاراتقۇ تارقىتىش سىستېمىسىنى قۇرۇش تەلەپ قىلىندى.

«پىكىر»دە مۇنداق كۆرسىتىلدى: ئاساسىي قوشۇننىڭ ئاساسىي جەڭ مەيدانىغا ئومۇميۈزلۈك كىرىشىگە تۈرتكە بولۇپ، ئالاقە تورى تەپەككۇرى ئارقىلىق بايلىق تەقسىملەشنى ئەلالاشتۇرۇپ، تېخىمۇ كۆپ ئەلا سۈپەتلىك مەزمۇن، ئىلغار تېخنىكا، كەسپىي ئىختىساسلىقلار، تور مەبلىغىنى ئالاقە تورى ئاساسىي بازىسىغا توپلاپ، كۆچمە تېرمىنالغا مايىللاشتۇرۇپ، تور سىرتىغا تارقالغان كۈچلەرنى تېزدىن تورغا يۆرۈش قىلىش، تورغا چوڭقۇرلاپ كىرىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىپ، تور سۈپىسىنى زورايتىپ، كۈچەيتىپ، يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان تارقىتىش بازىسىنى ئىگىلەش كېرەك.

«پىكىر»دە مۇنداق كۆرسىتىلدى: پۈتۈن تاراتقۇ دەۋرىدىكى ئاممىۋى لۇشيەندە ياخشى مېڭىپ، خەلقنى مەركەز قىلىنغان خىزمەت يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، ئاممىغا يېقىنلىشىش، ئاممىغا مۇلازىمەت قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيەنىڭ ئاممىۋى لۇشيەندە يېڭىلىق يارىتىپ ۋە ئۇنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، «ئىشىكنى ئېچىۋېتىپ گېزىت چىقىرىش» ئىستىلىنى زور كۈچ بىلەن ئەۋج ئالدۇرۇپ، پارتىيەنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسى بىلەن يېڭى تېخنىكا، يېڭى ۋاستىلەرنى بىرلەشتۈرۈپ، تاراتقۇلار بىلەن قوبۇل قىلغۇچى ئاممىنى تۇتاشتۇرۇشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئوچۇق سۇپا ئارقىلىق كەڭ ئابونچىلارنى ئۇچۇر ئىشلەپچىقىرىش، تارقىتىشقا قاتنىشىشقا جەلپ قىلىپ، ئامما تېخىمۇ ياخشى كۆرىدىغان مەزمۇنلارنى ئىشلەپچىقىرىپ، ئامما ئايرىلالمايدىغان تارقىتىش ۋاستىسى بەرپا قىلىش كېرەك.

«پىكىر»دە مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: ئىلغار تېخنىكا ئارقىلىق يۇغۇرما تەرەققىياتقا يېتەكچىلىك قىلىپ، تۈرتكە بولۇپ، 5G، چوڭ سانلىق مەلۇمات، بۇلۇت ھېسابلاش، نەرسە تورى، رايون ـ بۆلەك زەنجىرى، سۈنئىي ئەقلىي ئىقتىدار قاتارلىق ئۇچۇر تېخنىكىسى ئىنقىلابىنىڭ نەتىجىلىرىنى ياخشى ئىشلىتىپ، يېڭى تېخنىكىنىڭ ئاخبارات تارقىتىش ساھەسىدە ئالدىن كۆرەرلىك بىلەن تەتقىق قىلىنىشى ۋە قوللىنىلىشىنى كۈچەيتىپ، ئاچقۇچلۇق، يادرولۇق تېخنىكىدا ئۆز ئالدىغا يېڭىلىق يارىتىشقا تۈرتكە بولۇش كېرەك. مەزمۇن ئىشلەپچىقىرىشتىكى تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى ئالغا سىلجىتىپ، تور مەزمۇنى قۇرۇلۇشىغا تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىپ، مەزمۇن ئىرادىسىنى باشتىن ـ ئاخىر ساقلاپ، مەزمۇن سۈپىتىگە كۆڭۈل قويۇپ، ئەلا سۈپەتلىك مەزمۇن ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى كېڭەيتىپ، مەزمۇن ئىپادىلەش شەكلىدە يېڭىلىق يارىتىپ، مەزمۇن تارقىتىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. ئاساسىي ئېقىم تاراتقۇلىرىنىڭ تۈزۈلمە ـ مېخانىزم ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، پۈتۈن تاراتقۇلۇق ئىشلەپچىقىرىش، تارقىتىشقا ئۇيغۇن كېلىدىغان بىر گەۋدىلەشكەن تەشكىلىي قۇرۇلما ئورنىتىپ، يېڭىچە مۇخبىرلىق ـ تەھرىرلىك تەرتىپى بەرپا قىلىپ، تۇجۇپلەشكەن، يۇقىرى ئۈنۈملۈك مەزمۇن ئىشلەپچىقىرىش سىستېمىسى ۋە تارقىتىش زەنجىرى شەكىللەندۈرۈش كېرەك. بازار مېخانىزمىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئاساسىي ئېقىم تاراتقۇلىرىنىڭ بازار رىقابەت ئېڭى ۋە ئىقتىدارىنى كۈچەيتىپ، «ئاخبارات + ھۆكۈمەت ئىشلىرى، مۇلازىمەت ئىشلىرى، سودا ئىشلىرى» يۈرۈشۈش ئەندىزىسىنى بەرپا قىلىش ئۈستىدە ئىزدىنىپ، تاراتقۇلارنىڭ مەبلەغ سېلىش، مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش سىياسىتىدە يېڭىلىق يارىتىپ، ئۆزى قان ئىشلەش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىش كېرەك.

«پىكىر»دە مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: بايلىق كۆجۈملەشكەن بولۇش، قۇرۇلمىسى مۇۋاپىق بولۇش، پەرقلىق تەرەققىي قىلدۇرۇش، ماس، يۇقىرى ئۈنۈملۈك بولۇش پرىنسىپى بويىچە، مەركەز تاراتقۇلىرى، ئۆلكە دەرىجىلىك تاراتقۇلار، شەھەر دەرىجىلىك تاراتقۇلار ۋە ناھىيە دەرىجىلىك يۇغۇرما تاراتقۇ مەركەزلىرىدىن ئىبارەت تۆت دەرىجىلىك يۇغۇرما تەرەققىيات ئورۇنلاشتۇرۇشىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. پۈتۈن تاراتقۇلۇق سىرتقا تارقىتىش ئەندىزىسىنى تىرىشىپ بەرپا قىلىپ، جۇڭگو ھېكايىسىنى ياخشى سۆزلەپ، جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنى تارقىتىش كېرەك.

«پىكىر» دە مۇنۇلار تەكىتلەندى: پۈتۈن تاراتقۇ ئىختىساسلىقلىرىنى زور كۈچ بىلەن يېتىشتۈرۈپ، تېخىمۇ ئاكتىپ، ئوچۇق، ئۈنۈملۈك بولغان ئىختىساسلىقلارنى كىرگۈزۈش سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، ئاساسىي ئېقىم تاراتقۇلىرىنىڭ ئىختىساسلىقلارنى جەلپ قىلىش كۈچى ۋە رىقابەت كۈچىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. ئىختىساسلىقلار قوشۇنى قۇرۇلمىسىنى ئەلالاشتۇرۇپ، يېڭى تاراتقۇلارنى پىششىق بىلىدىغان تېخىمۇ كۆپ ئوتتۇرا ياش، ياش مۇنەۋۋەر ئىختىساسلىقلارنى ھالقىلىق ئىش ئورۇنلىرىغا تولۇقلاپ، ئىختىساسلىقلارنىڭ ھاياتىي كۈچىنى تولۇق قويۇپ بېرىش كېرەك.

«پىكىر»دە مۇنۇلار تەكىتلەندى: ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە ھۆكۈمەتلەر مەبلەغ كاپالىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، سىياسەت جەھەتتىن قوللاشنى كۈچەيتىپ، سىياسەت كاپالەتنى سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرۈپ، تاراتقۇلارنىڭ چوڭقۇر يۇغۇرما تەرەققىياتىنى قوللىشى كېرەك. پارتىيەنىڭ رەھبەرلىكىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، تاراتقۇلارنىڭ چوڭقۇر يۇغۇرما تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىشنى ئۆز رايونى، ئۆز تارمىقى، ئۆز ئورنىنىڭ ئىدېئولوگىيە خىزمىتى مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشتىكى مۇھىم مەزمۇن قىلىشى كېرەك. باھالاش، تەكشۈرۈشنى كۈچەيتىپ، ھەيدەكچىلىك قىلىش، تەكشۈرۈشنى كۈچەيتىپ، تاراتقۇلارنىڭ چوڭقۇر يۇغۇرما تەرەققىياتىدىكى تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنىڭ جايىدا ئەمەلىيلىشىشىگە تۈرتكە بولۇش كېرەك.